# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئىككى ھېيت نامىزىغا بويىغا يەتكەن ۋە چىمىلداقتا ئولتۇرىدىغان قىزلارنىمۇ ئېلىپ چىقىشىمىزغا بۇيرىدى، ھەيىزدارلارنى ناماز ئوقۇلىدىغان جايدىن ئايرىلىپ تۇرۇشقا بۇيرىدى

ئۇممۇ ئەتىييە نۇسەيبە ئەنسارىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئىككى ھېيت نامىزىغا بويىغا يەتكەن ۋە چىمىلداقتا ئولتۇرىدىغان قىزلارنىمۇ ئېلىپ چىقىشىمىزغا بۇيرىدى، ھەيىزدارلارنى ناماز ئوقۇلىدىغان جايدىن ئايرىلىپ تۇرۇشقا بۇيرىدى. يەنە بىر ئىبارىدە: بىز ھېيت نامىزىغا چىقىشقا بۇيرۇلدۇق، ھەتتاكى ھەيىزدارلار، ئىچكىرى ئۆيلەردە تۇرىدىغان قىزلارنىمۇ ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇلدۇق. ئۇلار جامائەت بىلەن بىرلىكتە تەكبىر ئېيتىدۇ، دۇئا قىلىدۇ، شۇ كۈننىڭ بەركىتى ۋە مەغپىرىتىنى ئۈمىت قىلىدۇ
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى پەزىلەتلىك كۈنلەردىن، ئۇنىڭدا ئىسلام بەلگىلىرى نامايەن بولىدۇ، نامازغا يىغىلىش ۋە ئۇنىڭدا سەپ-سەپ بولۇپ تۇرۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلاردىكى قېرنداشلىق گۈزەل بىر تۈس ئالىدۇ. ھەر يۇرۇت كىشىلىرى بىرلىك ۋە ئىتىپاقلىق، دوستانىلىقنى بىر مەيدانغا يىغىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئىسلام غەلىبىسى ۋە ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، نامازلارنى تۇرغۇزۇش، شەرئەت بەلگىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن يىغىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەممە ئاياللارنى نامازغا چىقىشقا بۇيرىغان، ھەتتا ئۇلاردىن ھەيىزدار بولسۇن، توي قىلىش ئالدىدىكى ئۆيدىن چىقمايدىغان قىزلار بولسۇن چىقىشقا بۇيرىدى، ئەمما ھەيىزدارلار ناماز ئوقۇلىدىغان جايدىن ئايرىلىپ تۇرۇشقا بۇيرىلدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئالىرىغا قاتنىشىپ ئاشۇ كۈننىڭ بەركىتىگە ۋە ساۋابىغا، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مۇكاپاتى يېقىن بولىدۇ. ئىككى ھېيت نامىزى پەرز كۈپايىدۇر



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee